## 12796 ـ كەش ياكى پايپاققا قانداق مەسھ قىلىندۇ ( سۈرتىلىدۇ )

**سۇئال**

مىنىڭ سۇئالىم پاك ھالەتتە پايپاقلارغا مەسھ قىلىش ھەققىدىكى ھەدىس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئىبنۇ خۇزەيمە سەفۋان بىن ئەسسالدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن مۇنداق دىگەن : " پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىزنى كەشىمىزنى پاك ھالەتتە كەيگەن بولساق ، مۇساپىرنىڭ ئۈچ كۈن ، مۇقىم كىشىنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشقا بۇيرىدى . " مىنىڭ سۇئالىم بولسا : ھەدىستىكى بىر كېچە ـ كۈندۈزنى 24 سائەت دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ ؟ ئىككىنچىسى ، قانداق بىر ۋاقىتتا بولسۇن پاك ھالەتتە پايپاقلىرىمنى كىيىپ ، ئاندىن 24 سائەت مۇددەتكىچە تاھارەت ئالغىنىمدا ئۇنىڭغا مەسھ قىلىمەنمۇ ؟ مەسىلەن ، مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت 11دە پايپاقلىرىمنى كىيىپ ، ئاندىن ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت 11گىچە تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسىھ قىلسام بولامدۇ ؟ شۇنىڭدەك ، پايپاقنىڭ قايسى قىسمىغا مەسىھ قىلىنىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭلار ؟ بىلىمەنكى ، پايپاقنىڭ ئاستىغا مەسھ قىلىشقا بولمايدۇ . لىكىن پايپاقنىڭ ئىككى يىنى ، كەينى ۋە ئۈستىگە مەسىھ قىلىشىمىز ۋاجىپمۇ ؟ جاۋاپقا ئىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن ، چۈنكى بۇ تۇرمۇشۇمنى تولىمۇ ئاسان قىلاتتى . شۇنىڭدەك تىرەمدە زىيادە سەزگۈرلۈك بار . بۇ ئىشقا سەل قارىسام ، مىنى كۆپ ۋەسۋەسىگە ۋە رازى بولماسلىققا ئىلىپ بارىدۇ .

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

كەشكە ياكى پايپاققا مەسھ قىلىش ۋاقتىنىڭ باشلىنىشىغا كەلسەك ، ئۇ كەشنى بىرىنچى قىتىم كەيگەندىن باشلانماستىن ، بەلكى تاھارەتسىزلىكتىن كيىن مەسھ قىلىنغان بىرىنچى قىتىمدىن باشلىنىدۇ . 9640 ـ سۇئالنىڭ جاۋابىغا قاراڭ .

مەسىھنىڭ قانداق بولۇشىغا كەلسەك :" سۇ بىلەن ھۆللەنگەن ئىككى قولنىڭ بارماقلىرى ئىككى پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ئاندىن پاچاققىچە سۈرۈپ ماڭدۇرۇلىدۇ ، ئوڭ پۇت ئوڭ قول بىلەن ، سول پۇت سول قول بىلەن مەسھ قىلىنىدۇ . مەسھ قىلغاندا بارماقلار ئىچىلىدۇ ، مەسھ قىلىش تەكرارلانمايدۇ ."
[ الملخص الفقهي للفوزان 1/43 ] كە قاراڭ .
پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " يەنى ، مەسھ قىلىنىدىغان ئورۇن بولسا كەشنىڭ ئۈستى قىسمى بولۇپ ، قول پۇت بارماقلىرىدىن پاچاققىچىلا ماڭدۇرۇلىدۇ . ھەمدە مەسھ قىلىش ھەر ئىككى قول بىلەن ھەر ئىككى پۇتقا بىرلىكتە قىلىنىدۇ ، يەنى ئوڭ قول ئوڭ پۇتنى سۈرتىدۇ ، ھەمدە بىر ۋاقىتتا سول قول سول پۇتنى سۈرتىدۇ ، خۇددى ئىككى قۇلاقنى سۈرتكەندەك .

چۈنكى بۇ بولسا سۈننەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى . يەنى مۇغىيرە بىن شۇئبەنىڭ سۆزى : ئىككىلىسىگە مەسىھ قىلدى بولغاچقا ، ھەمدە ئۇ ئوڭ پۇت بىلەن باشلىدى دىمىدى ، بەلكى : ئىككىلىسىگە مەسىھ قىلدى ، دىدى . سۈننەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى مانا مۇشۇ . شۇنداق ، ناۋادا بىر كىشىنىڭ بىر قولى ئىشلىمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنسا ، ئۇنداقتا ئۇ سولدىن بۇرۇن ئوڭنى باشلايدۇ . نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەر ئىككى قولى بىلەن ئوڭ پۇتنى ، ۋە ھەر ئىككى قولى بىلەن سول پۇتنى سۈرتىدۇ ،مىنىڭ بىلىشىمچە بۇنىڭ ئاساسى يوق . . . ھەمدە كەشىنىڭ ئۈستى قانداق شەكىلدە سۈرتۈلسە ، ئۇ يېتەرلىك . بىراق بىزنىڭ بۇ دىگىنىمىز بولسا ئەۋزىلى . "

[ انظر فتاوى المرأة المسلمة ج/1 ص/250 ] كە قاراڭ .

كەشىنىڭ ئىككى يېنىغا ۋە كەينىگە مەسىھ قىلىنمايدۇ ، چۈنكى ئۇنى سۈرتۈش ھەققىدە ھىچ نەرسە كەلمىگەن .

پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " بەزىلەر : كەشىنىڭ ياكى پايپاقنىڭ ئاستى سۈرتىلىشى كىرەك ، چۈنكى ئۇ ئاسان كىر ۋە مەينەت بولىدۇ ، دىيىش مۇمكىن . بىراق بىز ئۇ ھەقتە ئويلانساق ، پايپاق ئۈستىنىڭ سۈرتىلىشى بەكرەك ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى بايقايمىز ، چۈنكى بۇ سۈرتۈشنىڭ مەقسىتى تازلاش ئەمەس ، بەلكى ئۇ بىر ئىبادەت . ئەگەر بىز پايپاقنىڭ ئاستىنى سۈرتىدىغان بولساق ، ئۇنى تىخىمۇ مەينەت قىلىۋېتىدۇ ."

ھەمدە ئالالاھ ياخشى بىلىدۇ .

[ الشرح الممتع لابن عثيمين ج/1 ص/213. ] كە قاراڭ .